دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى سىڭدۈرۈش - يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مۇھىملىقى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشتا

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، چوقۇم دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، سىياسىي بىخەتەرلىكنى نېگىز قىلىپ، تاشقى خەۋپسىزلىك ۋە ئىچكى خەۋپسىزلىك، دۆلەت زېمىن خەۋپسىزلىكى ۋە خەلق بىخەتەرلىكى، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئورتاق بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

«تاسادىپىي ئىشلاردىن ئالدىن مۇداپىئەلىنىش دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەقەللىي ساۋات». ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە تاشقى ئامىللىرى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مول، زامان - ماكان ساھەسى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كەڭ، ئىچكى - تاشقى ئامىللار تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇرەككەپ. ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ئالدىدا، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، تۈرلۈك مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە مۆلچەرلەش قىيىن بولغان خەۋپسىزلىك خەۋپ - خەتىرى خىرىسلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن. ھەرقانداق بىر ساھەدە بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپى كۆرۈلسە، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشى، ھەتتا دۆلەت مەنپەئىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ھەم تاشقى خەۋپسىزلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئىچكى خەۋپسىزلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم دۆلەت زېمىن خەۋپسىزلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم خەلق بىخەتەرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم تەرەققىيات مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم خەۋپسىزلىك مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئورتاق بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئارزۇسى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: دۆلەت خەۋپسىزلىكىدە ھەممە ئىش خەلق ئۈچۈن، ھەممە ئىشتا خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئورتاق تىرىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى پۇختىلاپ، تۈرلۈك خەۋپسىزلىك خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈگىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتا ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، ھەممە كىشى قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى سىڭدۈرۈش - يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مۇھىملىقى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشتا. ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات تەلىم - تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. پەقەت ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشى تەشۋىقات - تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز سىڭدۈرۈپ، يېتىلدۈرگەندىلا، ئاندىن دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ھەقىقىي پۇختىلىغىلى بولىدۇ؛ پەقەت ھەممە ئادەم دۆلەت خەۋپسىزلىكىدىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، كاللىسىدىكى «خەۋپسىزلىك كلاپىنى»نى چىڭىتقاندىلا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىر نىيەتتە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ پولات سېپىلىنى ئورتاق بەرپا قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇش، دۆلەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرساق، بىز چوقۇم دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى جاسارەت بىلەن يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشالايمىز!

(4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

چيۇ گۇاڭخۇا: قىران بۈركۈتنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى خەلق ئۈچۈن

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ليۇ شياۋخۇڭ) قۇرۇقلۇق ئارمىيە 77 - جىتۇەنجۈنىنىڭ مەلۇم قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىياتسىيە لۈيى ترانسپورت تىك ئۇچار ئايروپىلانى يىغىندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ھەر قېتىم گازارمىدىكى بىر تۈپ ئانار دەرىخى يېنىدىن ئۆتكەندە، ھامان بۇ دەرەخكە تولۇپ تاشقان ھۆرمەت بىلەن ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ قارايدۇ.

چيۇ گۇاڭخۇانىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

16 يىل ئىلگىرى، بۇ لۈينىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك ئۇچقۇچىسى چيۇ گۇاڭخۇا ئۆز قولى بىلەن تىككەن بۇ ئانار كۆچىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆسۈپ چوڭ دەرەخكە ئايلاندى. چيۇ گۇاڭخۇانىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۇچۇش، بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشۇشتەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئىلھاملاندۇرماقتا، رىغبەتلەندۈرمەكتە. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، ھەر قېتىملىق مۇھىم، زور ۋەزىپىلەردە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بۇ يەردە قەسەم بېرىپ سەپەرۋەر قىلىنىدۇ؛ ھەر قېتىم ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندە، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بۇ يەردە قەھرىمانغا دوكلات قىلىدۇ.

چيۇ گۇاڭخۇا، چياڭزۇ، سىچۈەن ماۋشيەندىن، 1974 - يىلى 4 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 1976 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، ئارمىيەمىزنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ئۇچقۇچىسى، سابىق چېڭدۇ ھەربىي رايونى مەلۇم قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىياتسىيە تۇەنىنىڭ ئۇچقۇچىسى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ئارمىيەمىز مەلۇم يېڭى تىپتىكى ترانسپورت تىك ئۇچار ئايروپىلانى بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. يېڭى قورال - جابدۇقلار سەپلەنگەندە چيۇ گۇاڭخۇا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى تىزىملىتىپ، يېڭى تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلاننى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش مەشىقىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلانغان. ئەسلىدە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ۋاقتى يېرىم يىل دەپ بېكىتىلگەندە، ئۇ پەقەت ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان ھەم ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ، تۇەندىكى تايانچ ئۇچقۇچىغا ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلاننى ھەيدەپ چېگرا مۇداپىئەسىنى چارلاش، ئېگىزلىكتە ماسلىشىش مەشىقى، خەتەر ۋە ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش قاتارلىق جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلغان.

2008 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ۋېنچۈەندە يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، چيۇ گۇاڭخۇانىڭ يۇرتى ماۋشيەن ناھىيەسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان. تۇەن پارتىيە كومىتېتى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇچۇشتىن توختاش يېشىغا يېتىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ئۇنى يەر يۈزىدە قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چيۇ گۇاڭخۇا دەرھال تۇەن پارتىيە كومىتېتىغا جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى سۇنغان.

چېڭدۇدىن لىشيەن ناھىيەسىگە بارىدىغان ھاۋا يولى تىپىك «ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر جىلغا» بولۇپ، «ھالاكەت ھاۋا يولى» دەپ ئاتىلاتتى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، چيۇ گۇاڭخۇانىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇيرۇققا بىنائەن سەھىيە - يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش مۇتەخەسسىسلىرىنى لىشيەن ناھىيەسىگە توشۇغان.

لىشيەن ناھىيەسىدىن قايتىۋېتىپ تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن، چيۇ گۇاڭخۇا ھەيدىگەن «734 - نومۇرلۇق» تىك ئۇچار ئايروپىلان يېڭشيۇ بازىرى، ساۋپو يېزىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەن. تۇيۇقسىز، ئاسماننى قارا بۇلۇت، قويۇق تۇمان بىراقلا قاپلاپ، تار ھاۋا يولىنى توسۇۋالغان. «مىدىرلىماڭلار، ئۇچۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بېقىڭلار!» بۇ، چيۇ گۇاڭخۇا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئاۋاز بولۇپ قالغان. ئارقىدىنلا تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ خەۋەرلىشىش سىگنالى ئۈزۈلۈپ قالغان، سەپداشلىرىنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن غايىپ بولغان...

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 10دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، 11 كۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىزدەش ئارقىلىق، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋېنچۈەن ناھىيەسى يېڭشيۇ بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان 3511 - ئېگىزلىكتىن ھادىسىگە ئۇچرىغان «734 - نومۇرلۇق» تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ پارچىلىرىنى تاپقان، چيۇ گۇاڭخۇا، لى يۆ، ۋاڭ خۇەييۈەن، چېن لىن، جاڭ پېڭدىن ئىبارەت بەش تىك ئۇچار ئايروپىلان خادىمىنىڭ ھەممىسى قازا قىلغان.

بەش قەھرىمان مەڭگۈلۈك كېتىپ قالدى، ئۇلار ساداقىتىنى ۋەتىنىمىزنىڭ كۆك ئاسمىنىغا يازدى، ئىسسىق قېنىنى غەربىي سىچۈەن زېمىنىغا تۆكتى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا، چيۇ گۇاڭخۇانىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئارقا - ئارقىدىن ۋېنچۈەن، يېڭشيۇ، لىشيەن قاتارلىق ئېغىر ئاپەت رايونلىرىغا ئۇچۇپ بېرىپ، جەمئىي 50 نەچچە سائەت، 63 قېتىم ئۇچۇپ، 25.8 تونىنا ماددىي ئەشيا توشۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن 200 نەچچە كىشىنى يۆتكىگەن، توشۇغان.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مەلۇم قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىياتسىيە تۇەنىگە «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى قەھرىمان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىياتسىيە تۇەنى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن، تىك ئۇچار ئايروپىلان باشلىقى چيۇ گۇاڭخۇانى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان.

بوران - چاپقۇن ئۆچۈرەلمىگەن مەڭگۈلۈك ھايات

—— ئېگىزلىكتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ساقچىسى لاما سەيدەن توغرىسىدا خاتىرە

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىنىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ۋاڭ بو) 2008 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، قانۇنسىز ئۇنسۇر چۈدو باشچىلىقىدىكى بىر توپ توپىلاڭچى چىڭخەي ئۆلكىسى گولو زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دارى ناھىيەسى شاڭخۇڭكې يېزىسىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بۆسۈپ كىرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ، خىزمەتچى خادىملارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ ئۇرۇپ، ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى جىنايەت گۇماندارى چۈدونىڭ دارى ناھىيەسى شاڭخۇڭكې يېزىسىنىڭ ئاڭچاگودىكى ئۆيىدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى يىپ ئۇچى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلۇم قىلىنغان ئەھۋالنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، دارى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى لاما سەيدەن دەرھال كادىر ساقچىلارنى باشلاپ تۇتۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

بىر كېچە جىددىي يۈرۈش ئارقىلىق، 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت 6دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەترەت ئەزالىرى 170 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، تۇتۇش نىشانىغا ناھايىتى يېقىنلاشتى.

چۈدونىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، كۆزى ئۆتكۈر لاما سەيدەن: «ئۆينىڭ ئارقىسىدىن بىرسى قېچىپ كەتتى!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. باشقا ئۈچ خەلق ساقچىسى دەرھال ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىر ئادەمنىڭ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدى. ساقچىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قوينىدىن تاپانچىنى چىقىرىپ خەلق ساقچىلىرى بىلەن تىركەشتى —— ئۇ دەل چۈدو ئىدى. خەلق ساقچىلىرى دەرھال ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ، چۈدونىڭ قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. چۈدو تەسلىم بولمايلا قالماي، ئەكسىچە تاپانچىسىنى ئېلىپ ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ قاچتى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان لاما سەيدەن دەرھال يەنە بىر تەرەپتىن قورشاپ توسۇۋالدى، ئىككىيلەن بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك تەپكىنى باستى... جىنايەتچى ئۇنسۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئەمما 33 ياشقا كىرگەن لاما سەيدەنمۇ مەڭگۈلۈك يىقىلدى.

زاڭزۇ ياش لاما سەيدەن 1996 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دارى ناھىيەسى شياخۇڭكې يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى، جەمەي بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى، دارى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جەمەي بازارلىق ساقچىخانىدا ساقچىخانا باشلىقى بولغان مەزگىلدە، لاما سەيدەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ غەم - ئەندىشىسى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان، بىرنەچچە يىل ئىچىدە، كالا، ئات ئوغرىلاش دېلوسىدىن ئالتىنى پاش قىلىپ، 60 نەچچە تۇياق چارۋىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاممىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالغان. ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئۇ تۇرۇشلۇق ساقچىخانىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغان، جەمەي بازارلىق ساقچىخانا پۈتۈن ئوبلاست بويىچە ئۈلگىلىك ساقچىخانىغا ئايلانغان. ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن ئىككى قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 2007 - يىلى يەنە پۈتۈن ئوبلاست بويىچە «ئون ياخشى» كەسپ ماھىرى شەرەپ تاختىسىغا چىققان، پۇقرالار ئۇنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى، ھەتتا ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىنمۇ، نۇرغۇنلىغان زاڭزۇ ئامما ئۆزلۈكىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كېلىپ، ساقچى باشلىقى لاما سەيدەننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويدى.

2007 - يىلى يۇقىرىدىن لاما سەيدەننى دارى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. خىزمەت بىلەن تېزدىن پىششىق تونۇشۇش ئۈچۈن، لاما سەيدەن چارۋىچى ئاممىنى توختىماي زىيارەت قىلىپ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، دېلو ماتېرىياللىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىدىكى بارلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ غەيرىتى تولۇپ تاشقان، ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېلو ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان، دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلغان، ھېچكىممۇ ۋايسىمىغان، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

ئەجىر سىڭدۈرگەندە، ھامان جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. لاما سەيدەننىڭ باشلامچىلىقىدا، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى شۇ يىلىلا ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 2007 - يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن سەككىزنى بىراقلا پاش قىلىپ، 12 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان، قاتىللىق دېلولىرىنى پاش قىلىش نىسبىتى 100%كە يەتكەن. بۇ، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تارىخىدىكى يېڭىلىق ئىدى.

لاما سەيدەن قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن. چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىمۇ يولداش لاما سەيدەندىن ئۆگىنىش قارارىنى چىقارغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

2000 مودىن ئارتۇق يەرگە جۇخار گۈلى ۋە يۇمىرىن تېرىپ، ھەيۋەتلىك «گۈل دېڭىزى» شەكىللەندۈردى، زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچى كەينى - كەينىدىن كەلدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى «ساياھەت تامىقى»نىڭ تەمىنى تېتىپ، كىرىمنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. «بۇ يىل، بىز پۇقراۋى قونالغۇ قۇرىمىز، يەنە 50تىن 100 موغىچە يەر ئاجرىتىپ، مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنى ‹تاپشۇرۇۋېلىش› ئۇسۇلى ئارقىلىق ‹شادىمان دېھقانچىلىق مەيدانى›نىڭ ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەپتە ئاخىرىدا بۇ يەرگە كېلىپ مېۋە - كۆكتات ئۈزۈپ، ھەقىقىي ئورگانىك كۆكتاتلارغا ئېغىز تەگكۈزۈشنى پىلانلىدۇق» دېدى ۋاڭ يۆفۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، كىچىك دۆڭگۈ كەنتىگە ئوخشاش مۇشۇنداق تېخىمۇ كۆپ كەنتلەر ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇردى، كەنت قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. بۇ يىل، شىنجاڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىدىكى تۆھپە قوشۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ 2020 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتىدە كۈتۈۋېلىنىدىغان ساياھەتچى ئادەم قېتىمىنىڭ ساياھەتتە كۈتۈۋېلىنىدىغان ئادەم قېتىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 30%تىن ئاشۇرىدۇ.

ئەتىيازدا چېچەك سەيلىسى قىلىش، يازدا سالقىنداش، كۈزدە مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش، قىشتا يېزا قىزىقارلىق پائالىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش. بۈگۈنكى كۈندە، «قارىسىلا تاغنى كۆرگىلى بولۇش، نەزەر سالسىلا سۇنى كۆرگىلى بولۇش، يۇرت سېغىنىشنى ئەستە تۇتۇش» يادرو قىلىنغان ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ساياھەت كەسپ ھالىتىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە، ئالتاي ۋىلايىتى «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى»نى تۈزۈپ تاماملاپ، ئۈچ يېزا - كەنت ساياھەت لىنىيەسى ۋە بىر چېگرا ساياھىتى يېزا - كەنت لىنىيەسىنى تۈزۈپ، بىر تۈركۈم خاسلىقى روشەن يېزا - كەنت ساياھىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتلىرىنى بەرپا قىلدى. 2019 - يىلى، يېڭىدىن 194 پۇقراۋى قونالغۇ سالدى، ئۇلاردا 4300دىن ئارتۇق كارىۋات بار. بۇ يىل يەنە تۆۋەن زىچلىقتىكى، ئۆزى بەھرىلىنىش تىپىدىكى يېزا - كەنت ساياھەت مەھسۇلاتلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېزا - كەنت ساغلاملىق - كۈتۈنۈش، ئائىلە ئەزالىرى ساياھىتى، يېزىدا تۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتنى ھېس قىلىش قاتارلىق ساياھەت يېڭى كەسپ ھالەتلىرىنى يولغا قويىدۇ.

«مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بىز چارۋىچىلار ئارامگاھى ئاچتۇق، كىرىمىمىز يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى» دېدى بۇرچىن ناھىيەسى ئېگىز تۆبە يېزىسى قىزىلتوقاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جانار زەينەل تېلېفوندا. ھازىر، ئۇ مېۋە - كۆكتات ئۆستۈرۈپ، توخۇ بېقىپ، چارۋىچىلار ئارامگاھىدا بۇ يىللىق مېھمان كۈتۈشكە ئىشلىتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - كەنت ساياھىتى ۋە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىكەن؛ ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھىتىدىكى ئېبسىل قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، نۇقتا ئارقىلىق لىنىيەنى ئۇلاپ، لىنىيە ئارقىلىق دائىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكىدە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى، ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى بەرپا قىلىدىكەن؛ ساھە ھالقىپ يېزا ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى كەسپ ئامىللىرىنى تەقسىملەشكە ئىلھام بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت، مائارىپ، ساغلاملىق - كۈتۈنۈش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)